

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش: تولار زېمىن باھار پەيزىگە، بارچە گۈللەر ئاچقاندا پورەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈمەنلىگەن ئىشلارنىڭ ئىچىدە، خەلق تۇرمۇشى ھەممىدىن مۇھىم. دۆلەت بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كۈچلەر بىرلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈردى، ھەر مىللەت ئامما ئۈچۈن قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، بەختنى كۆزلەشتىكى بىرىكمە كۈچ توپلاندى.

خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتىگە ئايلاندى. مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرىدىن 7527سى يولغا قويۇلدى، 67 مىليارد 590 مىليون يۈەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى سېلىندى. زور بىر تۈركۈم خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزىدىغان، ئاساسنى كۈچەيتىدىغان، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلەر ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ھاياتىي كۈچ قوشتى.

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىگە ياقتى!» ئۈلۈغچات ناھىيەسى قىزىلئۆي يېزىسى قانجۇغان كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇردالى ھەسەن مۇنداق بىلدۈردى: كەنت يوللىرى ياخشىلاندى، ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى قۇرۇلدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كۆپەيدى، بېيىش يوللىرى كېڭەيدى، يۇرتداشلار چىن قەلبىدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

■ كەسپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى نامراتلارنى يۆلەش ئۈنۈمىنى نامايان قىلدى

«زاۋۇت ئۆيۈمنىڭ ئۇدۇلىدا، يېنىدا يەسلى بار. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ، بالامنى يەسلىگە ئاپىرىۋېتىپلا، زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەيمەن، ھەر ئايلىق مائاشىم مۇقىم، ئائىلە ۋە خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتىمەن.» كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوغۇساق بازىرى تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇنساگۈل غوپۇر مۇنداق دېدى: «زاۋۇتقا كىرىپ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولدى.»

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مۇخبىر تۇنساگۈلنىڭ كەنتتىكى 100 نەچچە ئايال ئىشچى بىلەن كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، يىپ ئۆتكۈزۈش، يىپ ماشدۇرۇش، تىكىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ناھايىتى پىششىق تاماملاۋاتقانلىقىنى كۆردى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى توختىماي «تاراق-لاپ» تۇراتتى.

«يۇرۇك، مېنىڭ يېڭى ئۆيۈمنى كۆرۈپ بېقىڭ!» زاۋۇت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، چوڭ يولدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۇنساگۈلنىڭ ئىللىق قورۇسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى، مېھمانخانا ئۆيگە قويۇلغان يېڭى سافانى ئۇ مائاشىغا سېتىۋاپتۇ. «مەن داۋاملىق پۇل يىغىپ، يەنە يېڭى ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆيۈمنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىپ بېزەيمەن!» دېدى تۇنساگۈل.

«ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى ئىشلەنمىسە، خەلق تۇرمۇشىنى تۈپتىن ياخشىلاش تەسكە توختايدۇ»، دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى خې يۇ.

مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش، كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ كۈچەش نۇقتىسىغا ئايلاندى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر يېڭى تەدبىر، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەممىسى ئارتۇقچىلىقلىرىنى نامايان قىلىپ، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، ئېلېكترونلۇق ئۈچۈر قاتارلىق كەسپلەرنى ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارغا كەينى ـ كەينىدىن ماكانلاشتۇردى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلەردىكى كارخانىلارمۇ شىنجاڭغا كىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۆز تەرەققىياتى ئۈستىدىمۇ ئىزدەندى.

قىسقىغىنا بەش يىلدا، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر كەسپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن 14 مىليارد 280 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك كەسپلەر باغچە رايونى قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، ئارتۇق ئەمگەكچىدىن 200 مىڭ ئادەم قېتىم قوبۇل قىلدى.

كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى «بېلىق بېرىش»تىن «بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىش»كە ئۆزگىرىۋاتقان بولۇپ، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جاينى تېخىمۇ ياخشى «قان ئىشلەش» ئىقتىدارى ۋە تېخىمۇ زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى.

■ ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تەرەققىيات جاسارىتىنى ئاشۇردى

«شاڭخەيلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگۈچى دوختۇرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دوختۇرخانىمىز كۆپ تۈرلۈك تېخنىكىدا بۆسۈش ھاسىل قىلدى.» 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 ـ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى تاڭ شيەنجياڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «شاڭخەينىڭ خالىس ياردەم بېرىپ، دوختۇرخانىمىزنى تېز تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىغا رەھمەت.»

شاڭخەيدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭ دوختۇرلىرى قەشقەرگە كەلگەندە، كۆپ تۈرلۈك پىشقان تېخنىكىلارنى ئېلىپ كەلدى. شاڭخەيلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگۈچى دوختۇرلار يەرلىكتىكى نۇرغۇن داۋالاش خادىملىرى بىلەن بىللە قەشقەردە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللەرنى داۋالاش سەۋىيەسىنى ئورتاق ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان دوختۇرلارنىڭ ياردىمىدە، قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 ـ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بۆرەك كېسەللىرى بۆلۈمى «ئۈسكۈنە بولماسلىق، ئادەم كۈچى بولماسلىق، كەسپىي تېخنىكا بولماسلىق»تىن ھازىرقى قورساق پەردىسى دىيالىز تېخنىكىسىدىكى بوغما ھالەتنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە تەرەققىي قىلىپ، بۆرەك كېسەللىرىنى داۋالاش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى.

يالغۇز بۇلا ئەمەس، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر يەنە ئۆزىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بايلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولى ئارقىلىق ئىختىساسلىقلارنىڭ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى پائال يولغا قويۇپ، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جاينىڭ مائارىپ، داۋالاش مۇلازىمەت ئىقتىدارىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

2016 ـ يىلى يەتتە ئۆلكە، شەھەر «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان دوختۇرخانىلارنىڭ خەتەرلىك، جىددىي ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئوتتۇرىچە نىسبىتى 2015 ـ يىلدىكى 88%تىن ھازىرقى 95%تىن كۆپرەككە ئۆرلەپ، يۆتكەپ داۋالاش نىسبىتى 6%تىن 4.6%كە چۈشۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە 3A دەرىجىلىك دوختۇرخانا بولۇشتەك تارىخىي بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى ئۈستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. 2015 ـ يىلى بېيجىڭ شەھىرى، شاڭخەي شەھىرى يەنە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كادىر، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرىگە نىشانلىق ياردەم بېرىشىنى قانات يايدۇردى؛ شەندۇڭ ئۆلكىسى، تيەنجىن شەھىرى يەنە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىڭتۈەن 12 ـ شىسى، 11 ـ شىسىگە نىشانلىق ياردەم بېرىپ، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك ۋە بىڭتۈەن شى دەرىجىلىكلەرنىڭ كادىر، ئىختىساسلىقلار بويىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىش سېجىل چوڭقۇرلىشىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك شەھەر(رايون)، ناھىيەلەر ياردەمگە ئېرىشكەن 82 ناھىيە(شەھەر) بىلەن قوشماقلىشىش مۇناسىۋىتى ئورناتتى، بىر «توغرا يۆنىلىشتە چەتكىچە، تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە» بولغان كۆپ قاتلاملىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يېڭى ئەندىزىسى شەكىللىنىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى، يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى داۋاملىق پورەكلىتىپ ئېچىلدۇردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: جۇڭگو ـ ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ «تۇراقلاشتۇرغۇچىسى» ۋە «ئىلگىرى سۈرگۈچىسى» بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك، دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2017 ـ يىلى يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان، تاموژنا بېجىنى كۆپەيتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن تەھدىت سېلىپ، ئۆزى بىلەن ئاساسلىق سودا ھەمراھلىرى ئارىسىدا كۆپ قېتىم ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى قوزغىدى. 2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن بۇيان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئالدىغا پەيدا قىلغان جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىگە قارىتا، جۇڭگو كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى قوللىنىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو تالاش ـ تارتىشنى سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان تۈپ مەيداندا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئامېرىكا بىلەن كۆپ قېتىم ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىككى تەرەپ ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئامېرىكىنىڭ يېقىندا جۇڭگودىن تاموژنا بېجىنى كۆپەيتىپ ئېلىشنى يۇقىرىلىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقى ئىككى تەرەپ ئىقتىساد ـ سودا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پايدىسىز، جۇڭگو بۇنىڭغا كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا مەجبۇر بولدى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگونىڭ پوزىتسىيەسى ئىزچىل، ئېنىق. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ھەمكارلاشسا ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق، ئېلىشسا ئىككىلا تەرەپكە زىيانلىق، ھەمكارلىق ئىككى تەرەپنىڭ بىردىنبىر توغرا تاللىشى. ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ـ سودا ئىختىلاپى ۋە سۈركىلىشىگە قارىتا، جۇڭگو ھەمكارلىشىش شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، تەڭ پايدا ئالىدىغان كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. لېكىن ھەمكارلىشىشنىڭ پرىنسىپى بار، كېڭىشىشنىڭ تۆۋەن چېكى بار، مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىلەردە جۇڭگو ھەرگىز يول قويمايدۇ. سودا ئۇرۇشىغا قارىتا، جۇڭگو ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇرۇش قىلىشتىن قورقمايدۇ، زۆرۈر بولغاندا ئۇرۇش قىلىشتىن يانمايدۇ، بۇ پوزىتسىيە ئىزچىل ئۆزگەرمىدى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

شۇ شياۋشۇەن: كوممۇنىستلار قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ

شۇ شياۋشۇەننىڭ سۈرىتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر **جيۇ بىڭجىڭ**) جياڭسۇ ئۆلكىسى ياڭجوۋ شەھىرىنىڭ جياڭدۇ رايونى شيەنئۇ بازىرىدىكى ئالدى ـ كەينى ئۈچ ھويلىلىق پۇقراۋى تۇرالغۇ كۆك خىشتا سېلىنىپ، كىچىك كاھىش بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئاددىي ھەم ھەيۋەتلىك ئىدى، ئالدى دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى تاختىغا «شۇ شياۋشۇەننىڭ ئەسلى تۇرالغۇسى» دەپ يېزىلغاندى. بۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇقراۋى تۇرالغۇ بولۇپ، ئىنقىلابىي قۇربان شۇ شياۋشۇەن بۇ يەردە 20 نەچچە يىل ئۆتكۈزگەن، ياشىغان.

شۇ شياۋشۇەن 1916 ـ يىلى جياڭسۇ جياڭدۇدا تۇغۇلغان. بالىلىق چېغىدا تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يېرىم يولدا ئوقۇشتىن قېلىپ، شۇ جايدىكى بىر سەرراپخانىدا شاگىرت بولغان. 1931 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش دولقۇنىغا پائال ئاتلانغان. 1935 ـ يىلى ۋۇشى ئاممىۋى پاراۋانلىق تۆمۈر زاۋۇتىغا بېرىپ بوغالتىر بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش تەشكىلاتى «ۋۇشى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقان.

1937 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغان، شۇ شياۋشۇەن ئاممىۋى پاراۋانلىق تۆمۈر زاۋۇتىغا ئەگىشىپ چۇڭچىڭغا كۆچۈپ كەلگەن، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى شا چيەنلىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى چۇڭچىڭ كەسپكارلار ئۆزئارا ياردەملىشىش جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. 1938 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، شۇ شياۋشۇەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شەرقىي سىچۈەن ئالاھىدە كومىتېتى ياشلار كومىتېتىنىڭ ژۇرنىلى «ياشلار تۇرمۇشى»نىڭ تەھرىرلىك ۋە تارقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. 1939 ـ يىلى ئەتىيازدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شەرقىي سىچۈەن ئالاھىدە كومىتېتى ياشلار كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1940 ـ يىلى چۇڭچىڭ يېڭىشەھەر رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1940 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خائىنىنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن شۇ شياۋشۇەن بەختكە قارشى قولغا ئېلىنغان، كېيىن گومىنداڭ جۇڭتۇڭىنىڭ گۈيجوۋدىكى شىفېڭ جازا لاگېرىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلغان. تۈرمىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەخپىي ياچېيكىسىنىڭ يادرولۇق ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر قېتىم خەتەرلىك چاغدا، شۇ شياۋشۇەن كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «قانچە ھالقىلىق پەيت بولغانسېرى، بىز دۈشمەنلەرگە كوممۇنىستلارنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغانلىقىنى شۇنچە بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك».

1946 ـ يىلى7 ـ ئايدا، شۇ شياۋشۇەن چۇڭچىڭ «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئالاھىدە تېخنىكا ھەمكارلىق ئورنى»نىڭ 1 ـ قاماقخانىسى، يەنى «بەيگۇڭگۇەن» تۈرمىسىگە يالاپ ئېلىپ بېرىلغان. ئۇچار قۇشمۇ ئۆچۈپ كېتەلمەيدىغان گومىنداڭ جۇڭتۇڭ تۈرمىسىدە، ئۇ مەخپىي ئۇسۇلدا پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ، تۈرمىدە ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرغان ھەم پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تۈرمىدىكى مەخپىي كۈرەشنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان. دۈشمەنلەر ئۇنىڭ تۈرمىدىكى مەخپىي پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، ئۇنى كۈنبويى نۇر چۈشمەيدىغان زىندانغا قاماپ قويغان. دۈشمەننىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى، دەھشەتلىك قىيناشلىرى ۋە تەھدىت سېلىشى، قورقۇتۇشى، ئازدۇرۇشى ئالدىدا، شۇ شياۋشۇەن باشتىن ـ ئاخىر ھەققانىيەت يولىدا مەردانىلىك بىلەن چىڭ تۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن تىز پۈكمىگەن، بەل قويۇۋەتمىگەن. ئامالسىز قالغان دۈشمەنلەر: ھەرقانداق جازا قورالى ئۇنىڭغا كار قىلمايدىكەن، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، چۇڭچىڭ ئازاد بولۇش ئالدىدا، گومىنداڭ جياڭ جيېشى تۈرمىدىكى ئىنقىلابچىلارنى قانلىق قىرغىن قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. جازا ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا، شۇ شياۋشۇەن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كامېردىكى سەپداشلىرى بىلەن خوشلاشقان. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن كۆپچىلىككە: «غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، پارتىيەگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، مەن پارتىيە ماڭا ئۆتكۈزگەن بارلىق ئىشلارنى قىلالىدىم، ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ ھېلىھەم شۇنداق...» دېگەن ھەم مەردلەرچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئاران 33 ياشتا ئىدى. شۇ شياۋشۇەن قۇربان بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، چۇڭچىڭ خەلقنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سادىق ئىنقىلابىي قۇربانىنى ئارچىلار ئوراپ تۇرغان گېلېشەن تېغىغا دەپنە قىلدى.

چۇڭچىڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەتەردىن قۇتۇلۇپ تۈرمىدىن چىققان ئىنقىلابچى لو گۇاڭبىن تۈرمىدىكى يولداشلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى تاپشۇرۇقىنى «چۇڭچىڭ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش جەريانى ۋە تۈرمىدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا دوكلات» قىلىپ يېزىپ چىققان، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيەگە سۇنۇلغان «رەھبىرىي ئەزالارنىڭ چىرىكلىشىشىدىن ساقلىنىش» «پارتىيە ئىچىدىكى تەربىيەلەش ۋە ئەمەلىي كۈرەشتە چېنىقىشنى كۈچەيتىش» «پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىقتىسادى، مۇھەببەتلىشىشى ۋە تۇرمۇش ئىستىلى مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش» «پارتىيەنى تۈزەش، ئىستىلنى توغرىلاشنى قاتتىق ئېلىپ بېرىش» قاتارلىق سەككىز ماددىلىق «تۈرمىدىكى پىكىر» بار. 1961 ـ يىلى، لو گۇاڭبىن، ياڭ يىيەن تۈرمىدە دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلغان سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن يازغان ئىنقىلابىي رومان «قىزىل قىيا» نەشردىن چىقىپ تارقىتىلغان ھەم ھەممە كىشىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن. روماندىكى شۇ شياۋشۇەننى ئاساسىي ئەسلى تىپ قىلغان شۇ يۈنفېڭ، چى شياۋشۇەن قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئوقۇرمەنلەرگە قۇربانلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش توغرىسىدا ئىلھام بېرىپ كەلدى.

1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شۇ شياۋشۇەننىڭ ئەسلى تۇرالغۇسى جياڭدۇدا رېمونت قىلىنىپ ئېچىۋېتىلدى. جاڭ ئەيپىڭ جياڭجۇن ئەسلى تۇرالغۇنىڭ نامىنى يېزىپ بەردى.

مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ ئىگىلەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر قاتار كۈچلۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بولۇپمۇ ئوقۇشتىن قېلىشنى تىزگىنلەپ، ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە تولۇق ياردەم بېرىش»، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى مائارىپىنى ئالغا سىلجىتىش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش، ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پۇختا، يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ قىيىنچىلىقلارغا دادىل يۈزلىنىپ ئىلگىرىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ھازىر بار بولغان نەتىجە ـ ئۈنۈمنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شاۋ خۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 3 ـ سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇزاقتىن بۇيان مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، «ئېغىر نامرات رايونلارنى مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش» 3 ـ سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ يىللىق نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان تېمىلىرىنىڭ بىرى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ياخشى تەجرىبىلىرى، ياخشى ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ ۋە كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان چەكلەش خاراكتېرلىك مەسىلىلىرىنى دەل جايىدا بايقاپ، 3 ـ سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا پائال چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشى، جەڭنى ياخشى قىلىشىغا كۈچ قوشۇشقا تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، 3 ـ سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، بولۇپمۇ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەر بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئۆز قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇتەللىپ ئوبۇل سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)